قەلب ساداسى

# پېچىنە - پىرەنىك دۇكىنىمنىڭ سودىسى بارغانسېرى زورايدى

☐ ئۇلۇغچات ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى  ياقۇپجان ئابدۇكېرىم

مېنىڭ ئىسمىم ياقۇپجان ئابدۇكېرىم، بۇ يىل 34 ياشقا كىردىم، ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ قىزىلئۆي يېزىسىدا تۇرىمەن. ئىلگىرى، مەن دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن ئالدىنىپ ۋە قايمۇقتۇرۇلۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانىدىم. دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار ماڭا «ساپ مۇسۇلمان» بولۇپ «كاپىر»لارنى چەتكە قېقىشنى، «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار»نىڭ ئۆلگەندىن كېيىن «جەننەت»كە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن خۇددى ئەپيۇن چەككەندەك نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشۇم بىلەنمۇ كارىم بولمىدى، ئېتىزنى ئوت - چۆپ قاپلاپ كەتسىمۇ، يامغۇر ياغقاندا ئۆيدىن سۇ ئۆتۈپ كەتسىمۇ كارىم بولمىدى، چوڭلار بىلەن باللارنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر ئالمىدىم، مىجەزىم ئەسەبىيلىشىپ، كۈنبويى ئوغرىلىقچە باشقىلارغا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقاتتىم.

2017 - يىلى 3 - ئايدا، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە يېڭى بارغاندا، قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولدۇم، كۈنبويى ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئەستايىدىل ئۆگەنمىدىم، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىم، ھەتتا دائىم ئوقۇتقۇچىلارغا ئاچچىقلىنىپ، جېدەل چىقىرىپ، تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ تەربىيەسى ۋە باشقۇرۇشىغا ماسلاشمىدىم. كېيىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمىدە، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ بۇرمىلانغان دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغانلىقىنى، قايمۇقتۇرۇلغان كىشىلەرنى يامان ئىش قىلىشقا، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قۇترىتىدىغانلىقىنى، كۈشكۈرتىدىغانلىقىنى، ئازدۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. بارا - بارا ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىيدىغان بولدۇم، قەلبىمدىكى تۈگۈن يېشىلدى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم، كەلگۈسى تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىممۇ ئاشتى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، بىزنىڭ تاماق، ياتاق، لازىمەتلىكلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپ ھەقسىز تەمىنلەيدۇ، ئۈچ ۋاخ تاماقنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى مول، ياتاق پاكىز، رەتلىك، سىنىپ ئازادە، يورۇق، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى مول مەزمۇنلۇق. كەسپىي ماھارەت دەرسىدە مەن پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇشنى تاللاپ ئۆگەندىم، كەسپىي پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇش ئۇستىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر خىل تورت، پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانام، خوتۇنۇم مېنى خۇددى باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتتى، مىجەزىم ئوچۇق - يورۇق بولۇپ قالدى، ئاتا - ئانامغا ۋاپادار بولدۇم، ئىشچان، ئۆيگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدۇم، ئەمدى بۇرۇنقىدەك كۈنبويى بىكار تەلەپلىك قىلىپ يۈرمەيدىغان بولدۇم. يېزا - كەنت كادىرلىرى مەندىكى ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ماڭا ياردەم قىلىپ ناھىيە بازىرىدا بىر دۇكان ئالاقىلىشىپ بەردى، مەن پېچىنە - پىرەنىك دۇكىنى ئاچتىم. مەن پىشۇرغان پېچىنە - پىرەنىكلەرنىڭ تەمى ياخشى، تۈرى كۆپ، باھاسى ئەرزان بولغاچقا، كونا خېرىدارلىرىم كۆپەيدى، پېچىنە - پىرەنىك دۇكىنىمنىڭ سودىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ كەلدى. يېقىندا، مەن پېچىنە - پىرەنىك دۇكىنىمنى قايتىدىن بېزەپ، كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، جاپالىق ئەمگەككە تايىنىپ تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەن ھۆكۈمەتكە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى، مېنى نورمال كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قايتۇرۇپ كەلدى، ئىلگىرىكى ئادەم دېسە ئادەمگە، ئالۋاستى دېسە ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان كۈنلىرىم بىلەن خوشلاشتىم. ھازىر كۆڭلۈم يورۇپ، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، دوستلىرىم بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشىم قويۇقلاشتى، ئۆزۈممۇ پۇل تېپىپ ئائىلەمنى باقالايدىغان بولدۇم.

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە قارا چاپلىدى، مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان، پاكىتنى بۇرمىلايدىغان نومۇسسىز قىلمىشىغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق كۆپچىلىككە شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ئادىمىيلىك بىلەن باشقۇرۇلىدىغان مەكتەپ ئىكەنلىكىنى، قاتتىق جازالىماستىن بەلكى قۇتقۇزۇۋېلىش، كەمسىتمەستىن بەلكى غەمخورلۇق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ماڭا ئوخشاش دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ چوڭقۇر زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن كىشىنىڭ ئازغان يولدىن قايتىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بەرگەنلىكىنى ئېيتىمەن.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى شۇنداق كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، سىلەر شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، دىنلار ئىناق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، شىنجاڭغا خالىغانچە قارا چاپلىدىڭلار، ساختا ئەپت - بەشىرەڭلار، زومىگەرلىك ماھىيىتىڭلارنى كىشىلەر ئاللىقاچان تونۇپ يەتتى، بىز بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، يۇرت - ماكانىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز، سىلەرنىڭ سۈيىقەستىڭلار جەزمەن بىھۇدە ئاۋارىچىلىك خالاس.

# تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنى ئاداشقان يولدىن قايتۇرۇپ كەلدى

☐ پەيزاۋات ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى  جۈمەنىسا مەخەم

مېنىڭ ئىسمىم جۈمەنىسا مەخەم، ھازىر پەيزاۋات ناھىيەلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ماڭا بەك ئامراق. بۇ يىل 10 - ئايدا، مەن توي قىلدىم، ئېرىم بىر مەمۇر. ھازىر مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان خىزمىتىم بار، بەختلىك ئائىلەم بار، تۇرمۇشۇم خۇشال، كۆڭۈللۈك.

بىراق كىممۇ مېنىڭ ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ قىلمىشى بار ئادەم ئىكەنلىكىمنى خىيالىغا كەلتۈرسۇن، تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنى تاشلىۋەتمەي، مەندىن ۋاز كەچمەي، مېنى يامان كۆرمەي تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇپ، مېنى قايتىدىن نورمال تۇرمۇشقا قايتۇرۇپ كەلدى، مېنى قايتىدىن بەختكە ئېرىشتۈردى.

ئازابلىق كەچۈرمىشىمنى ئەسلىسەم ئازابلىنىمەن. باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ، مەن ئىنچىكە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ كەلدىم، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم، شاڭخەيدىكى قاتناش داشۆسى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە تولۇق ئوتتۇرىنى ئوقۇدۇم، ئارقىدىنلا ئىمتىھان بېرىپ جېجياڭ سىفەن داشۆسىگە ئۆتتۈم. مۇشۇ تەرىقىدە ماڭسام، ئەسلىدە ياخشى ئىستىقبالغا ئىگە بولاتتىم، ئەمما مەن ئېزىپ تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ، تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتتىم. داشۆنىڭ 4 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىدە مەن دائىم دەرستىن قېچىپ، «كاپىر»لار بىلەن بىر سىنىپتا ئولتۇرماي، خەنزۇ ساۋاقداشلىرىم بىلەن بېرىش - كېلىش قىلماي، مەكتەپنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشماي، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئەسەبىي ئىدىيەم بىلەن كىمنىڭ «دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى»، كىمنىڭ «كاپىر» ئىكەنلىكىنى ئۆلچىدىم ھەم «كاپىر»لارنى ھاقارەتلەپ، بېرىش - كېلىش قىلىشنى رەت قىلدىم. بۇ خىل ئىدىيە ماڭا خۇددى جىن چاپلاشقاندەك چاپلىشىۋالدى، ئەسەبىي ئىدىيەسى بار كىشىلەر بىلەن بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، دائىم ئۇلارنىڭ مەخپىي يىغىلىشىغا قاتناشتىم، ھەتتا چېگرادىن چىقىپ «IS» تەشكىلاتىغا قاتنىشىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندۇم. داشۆنى پۈتكۈزۈشكە ئازلا قالغان مەن شۇنداق قىلىپ ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسى ئالالمىدىم. شۇ چاغدا، مەن يەنىلا ھوشۇمنى تاپمىغانىدىم.

خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە قاتناشتىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئوقۇتقۇچىلار كۈچلۈك سەپلەنگەن، ئۆگىنىش شارائىتى ياخشى، تاماق، ياتاق پۈتۈنلەي ھەقسىز بولۇپ، مەن خۇددى داشۆ ھاياتىغا قايتقاندەك بولدۇم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان دەرسلەر تەسىس قىلىنىپلا قالماي، يەنە رەسىم سىزىش، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ھۆسنخەت قاتارلىق ئالاھىدىلىكى بارلار سىنىپى تەسىس قىلىنغانىدى، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئەركىن تاللايتتى.

سىنىپ مۇدىرى مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى بىلگەندىن كېيىن، مەن بىلەن دائىم كەڭ كۇشادە پاراڭلىشىپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن مېنى ئىلھاملاندۇردى، بۇ مېنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچىمنى قايتىدىن يالقۇنجاتتى. مېنىڭ ئىچكىرىدە سەككىز يىلغا يېقىن ئوقۇغان، پۈتۈڭخۇادا بىرقەدەر ياخشى ئىكەنلىكىمدەك ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، سىنىپ مۇدىرى مېنى سىنىپ باشلىقى قىلىپلا قالماي، مېنى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ پۈتۈڭخۇا ئوقۇتقۇچىسى قىلدى. تۇغۇلغان كۈنۈمدە، سىنىپ مۇدىرى پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىلەن بىللە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، تۇغۇلغان كۈن تورتى سوۋغا قىلدى، كۆپچىلىك تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى ئېيتقاندا، مەن تەسىرلەنگىنىمدىن كۆز يېشى قىلدىم.

تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە، ئوقۇتقۇچىلار بىز بىلەن تېلېۋىزىيە فىلىمى «يالغانچىلىق بىلەن نىقابلانغان ‹يۆتكىلىپ غازات قىلىش يولى›»نى كۆردۇق. فىلىمدە ئەسەبىي تەشكىلات داشۆدە ئوقۇۋاتقان بىر قىزنىڭ پېيىگە چۈشكەندىن كېيىن، بۇ قىز نۇرغۇن ئالدامچىلىقلارغا ئالدىنىپ، ئاز - ئازدىن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، قەدەممۇقەدەم كاللىسى يۇيۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاتالمىش «جەننەتكە كىرىش»كە ئىنتىلىپ، قەسەم بېرىپ ساداقەت كۆرسىتىپ «IS» تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى تاشلاپ چېگرادىن ئوغرىلىقچە چىقىپ، «جىنسىي قۇل»غا ئايلىنىپ خورلانغان. ئۇنىڭ بەختسىزلىكى مېنىڭ كەچۈرمىشىمگە بەكلا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئويلىسام قورقىمەن، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزۈمنى تەلەيلىك ھېس قىلدىم، دەل ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقىمدىن خۇشال بولدۇم.

بۇ چاغدا مەن تەلتۆكۈس ھوشۇمنى تاپتىم، ئەينى چاغدا مېنى تۈيۈق يولغا باشلىغىنى قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئاشۇ ئەسەبىي تەشكىلات ئىكەن؛ ئاشۇ ئاتالمىش «تاسادىپىيلىق»لار دەل ئۇلارنىڭ ئازدۇرۇپ ئالداپ ئۆزىگە تارتىش، كاللىنى يۇيۇپ ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان ۋاستىسى ئىكەن؛ ئاشۇ تەرغىب قىلىنغان ئاتالمىش «ئەركىن دۇنيادا رومانتىك تۇرمۇش كەچۈرۈش» ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى ئازدۇرۇپ ئالداش ئۈچۈن توقۇلغان چوڭ ئالدامچىلىق ئىكەن.

ئىدىيەدىكى تۈگۈن يېشىلگەندىن كېيىن روھىم ئازاد بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە كىرىشتىم، دېكلاماتسىيە قىلىش ئالاھىدىلىكى بارلار سىنىپىغا قاتناشتىم، سىنىپ مۇدىرىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولدۇم... مول مەزمۇنلۇق كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مەن تەربىيەنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدىم. داشۆدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغانلىقىم ئۈچۈن، تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنى پەيزاۋات ناھىيەلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىشقا قاتنىشىشقا تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن شەرەپلىك بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالدىم. ھۆرمەتكە سازاۋەر خىزمەتكە ئىگە بولۇپ، كىشىلىك قىممىتىمنى قايتىدىن تاپتىم.

# پارنىكتا يېتىشتۈرۈلگەن «دوستلۇق مېۋىسى» «بېيىش مېۋىسى»

(بېشى 1 - بەتتە)

«بۇ يىل سۈي ئاكامنىڭ ياردىمىدە، مەن تېرىغان 6000 تۈپ چىلگە قوغۇننىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 98%تىن يۇقىرى بولدى، تەخمىنەن ھېسابلاپ باقسام، ئاز بولغاندىمۇ 30 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايمەن» دېدى رېشىت. بۇ يىل 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا، رېشىت ئائىلىسىنىڭ پارنىكتا ئۆستۈرگەن قوغۇنلىرى بازارغا سېلىندى، ئۇنىڭ قوغۇنىنى ياخشى باھادا ساتالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، سۈي چاڭفېڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ، بەش يەشىك قوغۇننى قاچىلاپ قەشقەر شەھىرىگە ئاپىرىپ سېتىشىپ بەردى. «بەش يەشىك قوغۇندىن 1170 يۈەن پۇل تاپتىم.» رېشىت مۇنداق دېدى: «مېنىڭ قوغۇن توشۇيدىغان ماشىنام بولمىغاچقا، سۈي ئاكام تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ ياردەملەشتى؛ قوغۇننى تېزرەك سېتىۋېتىش ئۈچۈن، سۈي ئاكام ماڭا ياردەم قىلىپ تەرەپ - تەرەپتىن سېتىش يوللىرىنى ئالاقىلىشىپ بەردى.» رېشىتنىڭ چىلگە قوغۇنلىرى ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ بولدى.

سۈي چاڭفېڭ بىلەن رېشىتتىن ئىبارەت بېيىش يولىدىكى بۇ ياخشى ئاكا - ئۇكىلار ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزئارا ياردەم بەردى، تۇرمۇشتا ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلدى.

بىر يىلى قىشتا قار ناھايىتى قېلىن ياغدى. سۈي چاڭفېڭ ئائىلىسىنىڭ پارنىكلىرى كۆپ ئىدى، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ قارنى تازىلاپ بولالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن رېشىت دادىسى بىلەن بىللە سۈپۈرگە، قار تازىلاش تاختىسىنى ئېلىپ سۈي چاڭفېڭنىڭ قار تازىلىشىغا ياردەملەشتى. «ھازىر مەن يەنە ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ پارنىك تېمىدا تۇرۇپ قار تازىلىشىمىزغا ياردەم قىلغان چاغدىكى مەنزىرىنى دائىم ئەسلەپ قالىمەن.» گەرچە نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، سۈي چاڭفېڭ بۇ ئىشنى تىلغا ئالغاندا يەنىلا ناھايىتى ھاياجانلىناتتى.

بۇلتۇر، رېشىت ئائىلىسى يېڭى ئۆي سالدى، تاپقان - تەرگىنىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلىتىپ بولدى، قىش كىرىشتىن ئىلگىرى پارنىكقا پاختىلىق يوتقان سېتىۋالىدىغان چاغدا، مەبلەغدە كەمچىللىك كۆرۈلدى، سۈي چاڭفېڭ ئەر - خوتۇن قىلچە ئىككىلەنمەيلا رېشىتقا 20 مىڭ يۈەن بېرىپ تۇردى. «بىز خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش، بەزىدە پارنىكتىكى ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ يېتىشەلمەي قالغىنىمىزدا، بىز رېشىتقا تېلېفون قىلساق، ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ياردەم قىلىدۇ، بۇ ئۇكامغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن» دېدى سۈي چاڭفېڭنىڭ خوتۇنى جاۋ لىخۇا مۇخبىرغا.

«سۈي ئاكام ھەر كۈنى بىزنىڭ قوغۇن پارنىكىمىزغا كېلىپ، ماڭا مايسا يېتىشتۈرۈشنى، كۆچۈرۈپ تىكىشنى، قىرۇۋسىمان پاختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ قانداق ئالدىنى ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ، يەنە ماڭا ياردەملىشىپ سېتىشىپ بېرىدۇ، سۈي ئاكامغا سېلىشتۇرغاندا، مېنىڭ قىلغانلىرىم بەكلا ئاز» دېدى رېشىت خىجىل بولغان ھالدا.

خاس مېۋە، كۆكتاتلارنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىستىقبالى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى، يېقىنقى يىللاردا، سۈي چاڭفېڭ رېشىتنى يېتەكلەپ پارنىكتا خاڭگا، شوخلا، قوغۇن تېرىپلا قالماي، يەنە شىڭنۈگو، بۆلجۈرگەن قاتارلىقلارنى سىناق تەرىقىسىدە تېرىشقا باشلىدى.

«بىر ئادەم باي بولسا بېيىغان ھېسابلانمايدۇ، كۆپچىلىك بىرلىكتە باي بولسا ئاندىن بېيىغان بولىدۇ» دېدى سۈي چاڭفېڭ.

بۈگۈنكى كۈندە، قاشبېرىق كەنتىدە بارغانسېرى كۆپ كەنت ئاھالىسى پارنىك تېرىقچىلىقى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭدى.

# قىيۇمنىڭ كىشىلىك ھاياتى بىردىنلا نۇرلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

قىيۇمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە، شىركەتنىڭ ئاساسلىق تىجارەت مەھسۇلاتلىرى پىرىنتېر، كامېرا ھەمدە خاتىرە كومپيۇتېر ۋە ئۈستەل كومپيۇتېرى قاتارلىقلار بولۇپ، شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى كارخانا ۋە شەخسلەرگە يۈزلەنگەن، سېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىكەن.

«قاراڭ، بۇ، بىز ۋاكالەتچى بولغان لېنشياڭ مەھسۇلاتلىرى، 4000 يۈەن ئەتراپىدىكى خاتىرە كومپيۇتېر بەك ياخشى سېتىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، باھاسى يەنىلا خېرىدارنىڭ مەھسۇلاتنىڭ سەپلىمىسىگە قويغان تەلىپىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، سەپلىمىسى يۇقىرىلارنىڭ سېتىلىش باھاسىمۇ ئەلۋەتتە ئۈرە بولىدۇ.» قىيۇم شىركىتىدىكى مەھسۇلاتلارنى بەش قولدەك بىلىدىكەن.

كومپيۇتېر قاتارلىق مەھسۇلاتلاردا شەخسىي خېرىدارلار ئاساس قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، قىيۇم مەخسۇس ئۈچ قەۋەتلىك بىر كۆرگەزمە سۇپىسى ئورۇنلاشتۇرغان. بىرىنچى قەۋەت كۆرگەزمە سۇپىسىغا تۈرلۈك سېلىنچا سېلىنغان بولۇپ، ھازىر ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن خاتىرە كومپيۇتېرنىڭ نۇسخا كومپيۇتېرى تىزىلغان ئىكەن؛ ئىككىنچى قەۋەتتە تۈرلۈك سۈيۇق كرىستاللىق ئېكرانلار تىزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مودا بولۇۋاتقان ئەگرى يۈزلۈك ئېكرانمۇ بار ئىكەن؛ ئۈچىنچى قەۋەتتە كومپيۇتېر سەپلىملىرى بولۇپ، كامېرا، مىكرافون ۋە تۈرلۈك سىمسىز كۇنۇپكا تاختىسى، مائۇس قاتارلىقلار بار ئىكەن. «خاتىرە كومپيۇتېر سۈپەتلىك ماركىلىق كومپيۇتېر بولۇپ، بىز قۇراشتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. ئۈستەل كومپيۇتېرى زاكاز قىلىشقا تەۋە بولۇپ، خېرىدارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن سەپلىنىپ بېرىلىدۇ.» قىيۇمنىڭ ئېيتىشىچە، تۈنۈگۈن ئۇ ئۆزى يالغۇز بەش دانە ئۈستەل كومپيۇتېرى سېتىپتۇ.

ھازىر، قىيۇم خېرىدارلار بىلەن كەڭ كۇشادە پاراڭلىشالايدىكەن، بۇنى ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئىشخانىدا، قىيۇم مۇخبىرلارغا ئۆزىدىكى ئۆزگىرىش جەريانىنى بايان قىلىپ بەردى.

### پاتقاقتا چوڭقۇر پاتقان كۈنلەر

قىيۇم يەكەن ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلغان بولۇپ، داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شۇ جايدا ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان دۇكان ئېچىپ، كۈنلىرىنى ناھايىتى تىنچ ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ئىكەن. 2015 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، قىيۇم «دوست»ىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ ئۆيىگە كىرگىنىدە، ئۆيىگە نۇرغۇن ئادەم يىغىلغان ئىكەن. «بۇنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئىكەن.» قىيۇمنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ كىشى نۇرغۇن ئاتالمىش «پەرھىز»لەرنى سۆزلىگەن، مەسىلەن: «ھەممە نەرسىنى مۇسۇلمانچە، مۇسۇلمانچە ئەمەس دەپ ئايرىش كېرەك» «كاپىرلار ئىشلەپچىقارغان ھەرقانداق نەرسە مۇسۇلمانچە ئەمەس» «ئاياللار ئىشلەپ تاپقان پۇل مۇسۇلمانچە ئەمەس»...

باشتا، قىيۇم ناھايىتى ھەيرانلىق ھېس قىلغان، كېيىن كۆپ ئۇچرىشىش داۋامىدا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىدىيەسى ۋە ھەرىكىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. ئۇ بىر قىسىم دوستلىرىنى ھەقىقىي «مۇسۇلمان» ئەمەس دەپ ئەيىبلەپ، ئۇلار بىلەن بىرقانچە قېتىم جېدەللىشىپ قالغان، مۇشتلاشقان ھەتتا مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن.

«مەن دوست تۇتۇشقا ئامراقتىم، ھالبۇكى، ئاشۇ بىر نەچچە يىلدا دوستلىرىم بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى، تۇرمۇشۇممۇ بارغانسېرى زېرىكىشلىك بىلىنىدىغان بولدى.» قىيۇم مەسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. مەھەللە كادىرلىرىنىڭ يېتەكلىشىدە، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يەكەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كىرگەن.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، قىيۇم خۇددى ئايرىلغىنىغا ئۇزاق بولغان مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلغان. كەڭ، يورۇق دەرسخانا، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ تەبەسسۇمىدىن ئۇنىڭ بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان قەلبى يورۇپ قالغاندەك بولغان. قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ جەمئىيەتكە، ئائىلىگە ئېلىپ كېلىدىغان خەۋپىنى تونۇپ يەتكەن. «ھازىر ئويلاپ باقسام، ئىلگىرى مىنېرال سۇ سېتىۋالسام مۇسۇلمانچىمۇ، ئەمەسمۇ دەپ قارايتتىم، ھەقىقەتەن بەك ھاماقەت ئىكەنمەن. يەنە ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ ئاساسلىق شەكىل ئىدى.» قىيۇمنىڭ ئېيتىشىچە، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، قانۇن ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكەن ھەم قىزىقىشىغا ئاساسەن ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى دەرسىنى تاللىغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان.

### بارغانسېرى يۈرۈشۈۋاتقان سودا

قىيۇم تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بىر دۇكان تېپىپ بەرگەن ھەم بىر يىللىق ئىجارە پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى بىلەن يۆلىگەن، يەنە ئىلگىرىكى دۇكىنىنى كېڭەيتىپ شىركەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا ياردەملەشكەن.

«تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىلا تىجارەت ئىشلىرىنى قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇشقا باشلىغانىدىم.» مۇئەللىم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش داۋامىدا، قىيۇم چوڭ سۈپەتلىك ماركا كىرگۈزۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان. ھازىر، خاتىرە كومپيۇتېرنىڭ سېتىلىش مىقدارى بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ، ئۇنى جەزمەن شىركەتنىڭ ئاساسلىق تىجارەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.» قىيۇم مۇنداق دېدى: خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جەزمەن سۈپەتلىك ماركىلىق كومپيۇتېر سودىگەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك.

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇچراشتۇرۇشى بىلەن، قىيۇم مەلۇم كومپيۇتېر سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ يەكەن ناھىيەسىدىكى ۋاكالەتچى سودىگىرىگە ئايلاندى. «كېڭىشىش ئارقىلىق، شىركىتىمىز ئەڭ ئېتىبار بېرىلگەن ۋاكالەتچىلىك باھاسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەمكارلاشقۇچى تەرەپ ئادەم ئەۋەتىپ دۇكاننىڭ بېزىلىشى، تىجارىتىگە قارىتا پىكىر بەردى ھەمدە قەرەللىك ھالدا نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تۇردى.» سۈپەتلىك ماركا شىركىتىنىڭ قوللىشى بىلەن قىيۇمنىڭ سودىسى ناھايىتى تېزلا ئىزىغا چۈشتى.

ئېلېكترون پەن - تېخنىكا شىركىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قىيۇم بىر سۈپەتلىك ماركا كارخانىسىنىڭلا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ يەنە بىر شىركەت بىلەن كېڭىشىپ، سۈيۇق كرىستاللىق ئېكراننىڭ ۋاكالەتچىلىكىنى ئالدى.

«تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى بىلىملىرى بەك مۇھىم ئىكەن، مەن ھازىر تىجارەت باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالىدىن پىششىق پايدىلىنالايمەن، شىركەتنىڭ ماللىرىنى ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈش، ئىسكىلاتتىن چىقىرىش، سېتىشنى بىر قاراپلا بىلەلەيمەن.» قىيۇم مۇنداق دېدى: ھازىر، شىركىتىمىز 15 خىزمەتچىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئايلىق سېتىش سوممىمىز 300 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

سودا زورايدى، دوستىمۇ كۆپەيدى. «قىيۇم ناھايىتى ياخشى ئادەم، دۇكىنىمدا پىرىنتېر، كۆپ سەرپ قىلىنىدىغان ئىشخانا بۇيۇملىرى كەمچىل بولغاندا، ئۇنىڭ دۇكىنىدىن مال يۆتكەيمەن، ھەمكارلىقىمىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك.» يەكەن ناھىيەسىدىكى جىڭدۇڭ مەخسۇس سېتىش دۇكىنىنىڭ دۇكان باشلىقى جاڭ ۋېنبىڭ قىيۇم بىلەن قوشنا ئىكەن.

«مەن ئاۋات كوچا بۆلىكىدىن بىر چوڭ دۇكان ئىجارە ئېلىپ، شىركىتىمىزنىڭ بايراقدار دۇكىنىنى ئېچىپ، مەخسۇس خاتىرە كومپيۇتېر سېتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، بۇ بىر نەچچە كۈندە دۇكان ئىزدەش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتىمەن.» قىيۇمنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، ئۇ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، تور ۋە تور سىرتى ئەندىزىسىدە تىجارەت دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىككى قولىغا تايىنىپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى پىلانلاۋېتىپتۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)